# مەدرەسە ئەنئەنەسى ۋە ديوبەندىييە

ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى

ديوبەندىييە جامائىتىنىڭ تەكتىدە دېھلىنىڭ 150 كىلومېتىر شىمالىدىكى ديوبەندى يېزىسىدا مۇھەممەد قاسىم نانۇتەۋى (1833 – 1880) ۋە رەشىد ئەھمەد گانگوھى (1827 – 1905) تەرىپىدىن 1867 – يىلىدا قۇرۇلغان ديوبەند دارۇلئۇلۇمى مۇئەسسەسى بار. نانۇتەۋى ۋە گانگوھىغا ئوخشاش ئالىملارنىڭچە 1857 – يىلىدىكى سىپاھى قوزغىلىشى ئارقىلىق ئىنگلىز مۇستەملىكىسگە قارشى چىققان، لېكىن ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان مۇسۇلمان خەلقىنىڭ قايتىدىن جانلىنىشى، كەلگۈسى كۆلەملىك تەلىم – تەربىيە سەپەرۋەرلىكى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقاتتى. ديوبەنددىكى مەزكۇر مەدرىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا شەكىللەنگەن بۇ خىزمەت ھەرىكىتى، قىسقا بىر مۇددەت ئىچىدە ھىندى تۆۋەن قىتئەسىنىڭ ھەممە تەرىپىگە دېڭىزدەك يېيىلىپلا قالماستىن، يەنە ئاسىيا ۋە يىراق شەرق مۇسۇلمانلىرى تەرىپىدىن ئۈلگە قىلىنغان جامائەتنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 – يىلى تەبرىكلەنگەن 1967 – يىلىدا ديوبەند دارۇلئۇلۇمنى ئاساس قىلغان مەدرىسلەرنىڭ سانى 8934 كە يەتكەن بولۇپ، ھىندىستاندا مۇسۇلمان نوپۇس بار بولغان ھەر كەنت ۋە يېزىدا مۇتلەق ھالدا بۇ مەدرىسلەردە ئىلىم ئالغان بىر «مەۋلەۋى» بار ئىدى[1].

ھىندى تۆۋەن قىتئەسىدە يىلتىزى چوڭقۇر باشقا جامائەتلەرگە ئوخشاش شەكىلدە، ديوبەندىييەنىڭ چۈشەنچە ئۇلىنى ئىزدىگەن ۋاقتىمىزدا مەشھۇر ئىسلاھاتچى ئالىم شاھ ۋەلىيۇللاھ دېھلەۋى ( 1703-1762)نىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىزلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. نەقشبەندىييەگە مەنسۇپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن تەسەۋۋۇپنىڭ ئىچىدە يەر ئالغان شاھ ۋەلىييۇللاھ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەدىسلەر بىلەن كۈچلەندۈرۈلگەن فىقھ سىستېمىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ سەۋەپتىن ئەقلىچى ۋە نەقلىچى دىنى چۈشەنچىنى تەڭپۇڭلاشتۇرغان مېتودنىڭ باشلامچىسى بولغان. مۇرشىد ( ھىدايەتكە باشلىغۇچى )نىڭ يېتەكچىلىكىدە ماڭغان مەنىۋى ئىرشات ( ھىدايەت )نى تەستىقلاش بىلەن بىرلىكتە، ھەر كىشىنىڭ دىنى مەسئۇلىيىتىنىڭ پوتونلەي شەخسنىڭ ئۆزىگە ئائىت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، مازارلارغا تازىم قىلىش ۋە ئۇلۇغلەردىن ياردەم تىلەشنىڭ شېرىككە ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرغان[2]. شاھ ۋەلىييۇللاھ بۇ چۈشەنچىلىرى بىلەن بىر تەرەپتىن سەھىھ ئەقىدە ۋە فىقھىنىڭ تېزگىنلىشى ئاستىدا ئاشقۇنلۇقتىن خالىي تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسىنى ياقلىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ھەدىسى شېرىق ئاساسى قىلغان، لېكىن مەزھەپ قاراشلىرىنى رەت قىلمىغان فىقھ سىستېمىسىغا تايانغان ديوبەندىييە جامائىتى ئىلھام ئالغان مۇھىم مەنبەگە ئايلانغان.

يەنە بىر تەرەپتىن شاھ ۋەلىييۇللاھنىڭ مۇستەقىل ئىجتىھادنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان ئۇسلۇبىنىڭ ديوبەندىييە ئۈستىدىكى تەسىرىنىڭ چوڭ ئەھمىيەتلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ھەنەفى مەزھەبىگە چىڭ ئېسىلغان بۇ جامائەت، بۇ خاراكتېرىنى مەدرىسە ئوقۇشلۇقىغا چوڭقۇر سىڭدۈرگەن. 18 – ئەسىردە لەكنەۋ ( Luknow ) شەھرىدىكى فىرەنگى ماھال ( Firengi Mahal ) مەدرىسىدە

يېڭىلانغان دەرس –ئى نىزامى، دېيوبەند مائارىپ ئورگانلىرىدىكى ئوقۇشلۇقنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلماقتا. نەقىل خاراكتېرلىق ئىلىملەرگە قوشۇمچە «ماكۇلات ( ئەقلى ئىلىملەر )» نامى بىلەن ئۇسۇل، مەنتىق ۋە پەلسەپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەرس-ئى نىزامى سىستېمىسى دېيوبەندىلەرنىڭ قولىدا بىر ئاز ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ھەدىس پىرىنسىپى بۇ ئوقۇشلۇقنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئېتىبارلىق پارچىسىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، ھەدىس دەرسلىكى « كۇتۇبى سىتتە ( ئالتە كىتاپ ) »نى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە كېڭەيتىلگەن. شەيخۇل ھەدىس ئۇنۋانىغا ئىگە مۇددەرىس، مەدرىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇ ئېقىمنىڭ ھەدىستىن قالسا مۇتەخەسسىسلىك ساھەسى فىقھ بولۇپ، سەلەفى تەلىم – تەربىيە ئورگانلىرىدا پۈتۈنلەي ھەدىسلەر بىلەن ئۆگىتىلگەن فىقھ، دېيوبەندىيىە مەدرىسلىرىدە ھەنەفى مەزھەبىنى ئاساس ئالغان ھالدا ئۆگىتىلىدۇ. ئىبادەت ۋە مۇئامىلە مەسىلىلىرى ئاساسي سالماقنى ئىگىلەيدىغان دەرسلىكتە، دەسلەپكى مەزگىللەردە فىقھ ئۇسۇلى كۆڭۈلدىكىدەك قىزىقىشقا ئېرىشەلمىگەن. بولۇپمۇ جامائەتنى بەرپا قىلغۇچىلاردىن بىرى بولغان گانگوھىنىڭ تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى يۈزلەندۈرۈشى بىلەن مەنتىق، پەلسەپە ۋە ئۇسۇل ( مېتوت )قا ئوخشاش ئەقلىنى ئاساس قىلغان دەرسلەر دەرس –ئى نىزامدا كۆرسىتىلگەن ئەسلى ۋەزنىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقۇتۇپ قويغان بولۇپ، كېيىنكى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئۆزگەرتىشلەر نەتىجىسىدە بۇ دەرسلەر مۇئەييەن شەرتلەر ئاساسىدا ئوقۇشلۇقتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن[3]. دېيوبەندىيىە، ئەڭ باشتىن تارتىپلا مەزھەبنى تەقلىت قىلىشنى ئاساس قىلغان فىقھ چۈشەنچىسى بىلەن ھىندى ئىسلام دۇنياسىدا ئەھلى ھەدىس جامائىتىدىن ۋە ئەھلى قۇرئانغا ئوخشاش مودېرنىست ھەرىكەتلەردىن پەرقلىق شەكىلدە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرغان.

دېيوبەندىيىە مەدرىسلىرىدە ئىراق، سۈرىيە ۋە ئانادولۇدىكى ھەنەفى مەدرىسلىرىدىن پەرقلىق ھالدا كالام چۈشەنچىسىدە ماتۇرىدىيىەنىڭ ئورنىغا ئەشئەرىيىە مەزھىبىنىڭ ئاساس قىلىنغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ تاللاش سەلچۇقلار دەۋرىدىكى نىزامىيە مەدرىسلىرىگە تۇتىشىدىغان يىلتىزى چوڭقۇر مەسىلە بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئوقۇشلۇقلارنىڭ گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن غەززالى، سەييىد شەرىف جۇرجانى ۋە تافتازانىغا ئوخشاش ئەشئەرىيىە ئالىملىرىنىڭ دەرس كىتاپلىرى ئوتتۇرىغا چىقارغان نەتىجىدۇر.

بۇ تەرىپى نەزەردە تۇتۇلغاندا مەدرىسىدە ئوقۇشنىڭ باشقا بىر نەتىجىسى، سۈننى مەزھىبىدە ئىكەنلىكىنىڭ قاتتىق تەكىتلىنىشى بولۇپ، ساھابە ھەققىدىكى قاراشلىرى ۋە ئىماملارغا بەرگەن ئالاھىدە سۈپەتلىرى سەۋەبىدىن شىئەلەرنىڭ ئىسلام دائىرىسى ئىچىدە ئەمەس دەپ قاراش ئاساسىدا شەكىللەنگەن چۈشەنچە مەدرىسلەردە ئاساسي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ سۈننى ئۆزگىچىلىك سەۋەبىدىن دېيوبەندىلەر، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدىكى تەشبىھ ( ئوخشىتىش ) دەرىجىسىگە بارغان ئەقىدىلىرى سەۋەبىدىن ئەھلى ھەدىس جامائىتىگە، بولۇپمۇ قەۋرە زىيارىتى ۋە تەنتەنىلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تەرىقەت مۇراسىملىرى سەۋەبىدىن بارەلۋىيىە جامائىتىنى قاتتىق تەنقىت قىلماقتا.

سۇلۇكتە ئادەتتە نەقشبەندى ۋە جىشتى يولى تۇتۇپ مېڭىلغان دىيوبەند مەدرىسلىرىدە ئۇستازلار بىلەن تالىپلار ئوتتۇرىسىدا پىر – مۇرت مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. بۇ تەرەپ كۆزدە تۇتۇلغاندا، ئالىم شەيخلىك مەرتىۋىسىدە بولىدۇ. چەكتىن ئاشقان تەنتەنىلەرگە رۇخسەت قىلماسلىقى سەۋەبىدىن شەرئى پرىنسىپلارغا بەكرەك يېقىن بولغان نەقشبەندىلىكتىكى ساماسىز ۋە ئۈن – تىنسىز ھالدا زىكىر ئېلىپ بارىدىغان دىيوبەند شەيخلىرى، ھەم ماددى ھەم مەنىۋى تەلىم – تەربىيە ماكانلىرى سۈپىتىدە مەدرىسلەردىن پايدىلانغان بولۇپ، تەرىقەتلەرگە ئوخشاش مازارلىق كۈلتېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خانىغا، دەرگاھ مۇھىتىنى قوبۇل قىلمىغان. پىرنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسى مۇرتلىرىنىڭ مەنىۋى تاكامۇللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش بولۇپ، ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا ۋاستە ( تەۋەسسۇل ) بولۇش ئەمەس. دىيوبەندىلىك مەنىۋى يولدا ئىلگىرىلىگەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ئۈلگىنىڭ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت رېئاللىقنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە سۈننىتىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان بولۇپ، تەرىقەت ئەنئەنىسىدە كۆپ ئۇچرايدىغان شەيخ مەركەزلىك تەقلىتچىلىكنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىدئەت ئەندىشىسى ۋە ھىندۇئىزمنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن مەۋلىد ( ھۆكمەت ) مۇراسىملىرى ۋە قەۋرە زىيارەتلىرىنى ئۆزىنى يىراق تۇتقان[4]. يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى، تەسەۋۋۇ چۈشەنچىسى ۋە تەرىقەت ئىجرائاتلىرى دىيوبەندىلىكتە سۈننى فىقھىنىڭ ۋە ئەقىدىسىنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇتۇلغان.

دىيوبەند مەدرىسلىرى ئىسلام ئالەمىدىكى باشقا ئوخشاش تۈردىكى مۇئەسسەسە ياكى ئورگانلارغا ئوخشاش مەزكۇر ئورگاننىڭ چىقىملىرىنى ۋەقىپ ئارقىلىق ئاۋامنىڭ سەدىقە، ئۆشرە – زاكاتلىرى بىلەن ھەل قىلىپ كەلمەكتە. قۇرۇلغاندىن تارتىپ كۈنىمىزگە ناھايىتى كۆپ ساندا مۇسۇلمان تالىپنىڭ بۇ مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقى مەلۇم. بۈگۈن پاكىستان، ھىندىستان، بىنگال ۋە ئافغانىستاندا دىيوبەند مەدرىسلىرىنىڭ سانى ئون نەچچە مىڭغا يەتكەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا. جەنۇبى ئافرىقىدىن تارتىپ ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە كانادا قاتارلىق ھىندى مۇسۇلمانلار كۆپ بولغان ئەللەردىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش مەدرىسەلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

بۇ ئوقۇ – ئوقۇتۇش ۋە مەنىۋى تەربىيە تىرىشچانلىقىرى بىلەن بىرگە، دىيوبەندىييە جامائىتى سىياسىي پائالىيەتلەردىنمۇ يىراق قالمىغان بولۇپ، ئوسمانلى خەلىپىلىكىنى ئېتىراپ قىلغان، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى داۋاسىنى ھەر ساھەدە قوللىغان.    جامائەت كېيىن ھىندىستاننىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئىنگلىزلار بىلەن ھەمكارلاشمىغان، بەزىدە ئاكتىپ بەزىدە پاسسىپ شەكىلدە قارشىلىق كۆرسەتكەن. 1919 – يىلى قۇرۇلغان ھىندى ئۆلىما جەمئىيىتى ( جەمئىييەتى ئۆلەمائى ھىند )نى دىيوبەندىلىكنىڭ سىياسىي قانىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ جەمئىيەت مۇستەقىللىق ھەرىكىتى جەريانىدا گەندى ۋە نەھرۇنى قوللىغان « بىرلەشمە ھىندىستان » داۋاسىغا ساداقەت كۆرسەتكەن بولۇپ، پاكىستاننىڭ ئايرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىغا قارشى چىققان. مەزكۇر جەمئىيەت مۇستەقىللىقتىن كېيىن ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە كۈلتېر ھەق – ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

پاكىستان ھىندىستاندىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، پاكىستاندا قالغان دىيوبەندى ئۆلىما ھىند ئۆلىما جەمئىيىتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، 1945 – يىلى ئىسلام ئۆلىما جەمئىيىتى ( جەمئىييەتى ئۇلمائى ئىسلام )نى قۇرۇپ چىققان. كۈنىمىزدە پاكىستان سىياسىتىدە ناھايىتى ئاكتىپ رول ئويناۋاتقان بۇ جەمئىيەت، بەزى ئىچكى زىددىيەتلەر سەۋەبىدىن پەرقلىق تارماقلار ھالىتىدە پائالىيىتىنى داۋام قىلدۇرماقتا. بۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان مەۋلانا فازلۇرراھماننىڭ گۇرۇپپىسى ( JUİ-F ) بىلەن مەۋلانا سەمىئۇلھەقنىڭ گۇرۇپپىسى ( JUİ-S ) پاكىستاننىڭ شىمالىدىكى پەشتۇن رايونلىرىدا ۋە بەلۇچىستاندا ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، تالىبان ھەرىكىتىنى قوللاپ كەلگەنلىكى بىلەن مەشھۇردۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بەزى سىياسىي پارتىيىلەر بىلەن بىللە ئەركىن سايلامغا قاتنىشماقتا، سايلانغان ئەزالىرى ئارقىلىق مىللەت مەجلىسىدە ۋە پالاتادا ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە.

كېلىپ چىقىشى دىيوبەندىييە بولغان، لېكىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش بىلەن بىرگە، مەدرىسە ئەنئەنىسىنى ئاساسەن دېگۈدەك داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بەزى مۇھىم ھەرىكەت ۋە تەشكىلاتلار ھەققىدە ئايرىم توختۇلۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.